# ئى ئاللاھ! مەن سىلىگە سېغىنىپ قەبىر ئازابىدىن، دوزاخ ئازابىدىن، ھاياتلىقنىڭ ۋە ماماتلىقنىڭ پىتنىسىدىن، مەسىھ دەججالنىڭ پىتنىسىدىن پاناھلىق تىلەيمەن

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دۇئا قىلاتتى:«ئى ئاللاھ! مەن سىلىگە سېغىنىپ قەبىر ئازابىدىن، دوزاخ ئازابىدىن، ھاياتلىقنىڭ ۋە ماماتلىقنىڭ پىتنىسىدىن، مەسىھ دەججالنىڭ پىتنىسىدىن پاناھلىق تىلەيمەن». مۇسلىمنىڭ لەپزىدە:« سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئاخىرقى تەشەھھۇتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئاللاھ تائالاغا سېغىنىپ تۆت تۈرلۈك ئىشتىن پاناھلىق تىلىسۇن: جەھەننەم ئازابىدىن، قەبىر ئازابىدىن، ھاياتلىق ۋە ماماتلىقنىڭ پىتنىسىدىن، مەسىھ دەججالنىڭ يامانلىقىدىن پاناھلىق تىلەيمەن»دەپ كەلگەن.
[تېكىست توغرا] [بىرلىككە كەلگەن]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام نامازدا ئاخىرقى تەشەھھۇتتىن كېيىن سالام بېرىشتىن بۇرۇن ئاللاھ تائالاغا سېغىنىپ تۆت تۈرلۈك ئىشتىن پاناھلىق تىلەيتتى. بىرىنچىسى: قەبىر ئازابى. ئىككىنچىسى: قىيامەت كۈنى بولىدىغان دوزاخ ئازابى. ئۈچىنچىسى: ھاياتلىقنىڭ پىتنىسى، دۇنيانىڭ ھارام بولغان شەھۋەتلىرى، ئازدۇرغۇچى شۈبھاتلىرى، ئۆلگەندىن كېيىنكى پىتنىلەر: سەكراتتا چۈشكەندە ئىسلامدىن تېيىلىپ كېتىش، سۈننەتنى تەرك ئېتىش، ئىككى پەرىشتىنىڭ سوئال سورىغىنىغا ئوخشاش قەبرىنىڭ پىتنىسىدىن پاناھلىق تىلەيتتى. تۆتىنچى: ئاخىر زاماندا چىقىدىغان مەسىھ دەججالنىڭ پىتنىسىدىن، ئۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى سىنايدۇ، ئۇنى ئايرىم زىكىر قىلىشى، ئۇنىڭ پىتنىسىنىڭ كاتتا بولغانلىقى ۋە ئازدۇرۇشىنىڭ كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈندۇر.

https://www.sunnah.global/hadeeth/ug/show/3103